# 3996 - تەرجىمىسى بار مۇسھەف(قۇرئاننىڭ يېزىلمىسى )نىڭ بىر نۇسخىسىنى كاپىرغا بىرىشنىڭ ھۆكمى

## سۇئال

دەۋەت مەقسىتىدە غەيرى مۇسۇلمانلارغا ئەسلىدىكى ئەرەبچە تېكىستى بار قۇرئان مەنىلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى بىرىشكە بولامدۇ ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

پەزىلەتلىك پېشىۋا مۇھەممەت بىن سالىھ ئۇسەيمىينگە تۆۋەندىكى سۇئالنى سۇنغانىدۇق :

ئەرەبچە تېكىستىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە تەرجىمە ۋە يەشمە ئۇنىڭ يېرىمىنى ئىگەللەيدىغان قۇرئاننىڭ بىر نۇسخىسىنى كاپىرغا بىرىشنىڭ ھۆكمى نىمە ؟

ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەردى (ئاللاھ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن) :

**«ئالىملار ئارىسىدا ھەممىگە مەلۇم نەرسە شۇكى ، كاپىرنى قۇرئانغا ئىگە قىلىشقا بولمايدۇ ، لىكىن كاپىر قۇرئان ھەققىدە كۆپرەك بىلىش ئارزۇسىدا سەممىي بولسا ، بىر ئادەم ئۇنى ئاممىۋى كۇتۇپخانىغا ياكى ئۆزىنىڭ شەخسى كۇتۇپخانىسىغا كىلىشكە تەكلىپ قىلسا ، ھەمدە ئۇ يەردە ئۇنىڭغا قۇرئاننى كۆرسەتسە بولىدۇ . »**

ئەگەر سىز ئەرەبچە تېكىستى يوق قۇرئان مەنىلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى تاپسىڭىز ، ئاندىن ئۇنى كاپىرغا بەرسىڭىز ئۇنىڭدا چاتاق يوق . ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

پېشىۋا مۇھەممەت بىن سالىھ ئۇسەيمىين